# مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىكى ساك قەبىلىلىرى

ۋاڭ جىژلەي

مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن كېيىن. ئوتتۇرا ئاسىيا يايلاقلىرىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ۋە بوستانلىقلاردا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئاھالىلەرنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يىمىرىلىشقا باشلىدى. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىگە ئۆزگەردى، سىنىپ شەكىللىنىشكە باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى دۆلەتلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ تارىخمۇ ئەڭ ئاۋۋال يازما مەنبەلەردە چېلىقىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ پائالىيىتى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىق ئۈچ تەرەپتىن، يەنى ئىران، گرېتسىيە ۋە جۇڭگودىن كەلگەن. مەسىلەن:

ناخشى رۇستەمدىكى مىق يېزىقلىق تاش ئابىدىدە ① ساكالارنىڭ ئۈچ گۇرۇھى تىلغا ئېلىنغان: 1. ساكا. خائۇماۋارگالار (ئۆزى چوقۇنىدىغان ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ساكالار مەنىسىدە) پەرغانە ئويمانلىقى ۋە پامىر، ئالاي تېغى قاتارلىق جايلارغا تارالغان. 2. ساكا تىگراخائۇدالار (ئۇچلۇق قالپاقلىق ساكالار مەنىسىدە) قىرغىزىستان ۋە جەنۇبىي قازاقىستاننىڭ يايلاقلىرى، يەنى پامىر، ئالاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي، جۇملىدىن تاشكەنت، تيانشان بويلىرىدىن

① ناخشى رۇستەم — قەدىمكى پېرسىيە پادىشاھى دارىئوس قاتارلىقلار دەپنە قىلىنغان جاي دارىئوس I (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 521 — 486 - يىللار) نىڭ پايتەختى پېرسىپولىس ئەتراپىدا بولۇپ، ھازىرقى شىرازنىڭ شەرقىي شىمالىغا يېقىن. ئۇ يەردە پېرسىيە شاھلىرى سالدۇرغان ئوردا - قەسىرلەر بار. دارىئوسنىڭ قەبرىسى تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۈستىگە مىق يېزىقتا بېغىشلىما ئويۇلغان بولغاچقا، ناخشى رۇستەم ئابىدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

① بىخستۇن ياكى بىستۇن - ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى كىرمانشاھنىڭ شەرقىدىكى بىر شەھەر خارابىسىنىڭ نامى. بىخستۇن ئابىدىسىنى دارىئۇس ياساتقان بولۇپ، باغدادتىن تېھرانغا بارىدىغان چوڭ يول ياقىسىدىكى چوڭ قىيا تاشقا ئۈچ خىل يېزىقتا بېغىشلىما ئويدۇرغان. ئۇنىڭدا دارىئۇس ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. قىيا تاشنىڭ ئۈستىگە دارىئۇسنىڭ تۆھپىسى تەبرىكلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى رەسىم ئويۇلغان.

بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسى، تالاس دەرياسى ۋادىلىرىغىچە بولغان جايلارغا تارالغان. 3. ساكا. تيېئاتيتارادرا يالار( دېڭىزنىڭ ياكى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ساكلار مەنىسىدە) ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي، ئارال دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبى، سوغدىيانا قاتارلىق جايلارغا تارالغان. بىخسەتۇن ئابىدىسى [1] دىمۇ، ساكلار تىلغا ئېلىنىپ، ساكلارنىڭ دۆلىتى« دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئۇ يەردىكىلەر ئۇچلۇق قالپاق كىيىدۇ» دېيىلگەن.

قىسقىسى، قەدىمكى پارسلار ئىران ئېگىزلىكىنىڭ شىمالىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان قەبىلىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇپ ساكالار دەپ ئاتىغان. مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق قىلغان قەۋملەرگە كەلسەك. دائىم دېگۈدەك ئۇلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ نامى بىلەن، مەسىلەن، مارغىيانا( موفلار) لىقلار، باكترىيەلىكلەر، خۇارەزىملىكلەر، سوغدىيانىلىقلار دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان. ھىندىستانلىقلارمۇ پارسلارغا ئوخشاشلا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەۋملەرنى ساكالار دەپ ئاتىغان.

گرېتسىيىنىڭ كلاسسىك يازغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ھەققىدىكى بىلىمى، ئاساسلىقى، ھېرودودنىڭ «تارىخ» كىتابىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ بىلىملەرنىڭ مەنبەسى ئىككى مەنبەدىن كەلگەن. بىرى پېرسىيەدىن كەلگەن. بۇ بىلىملەرگە (رىۋايەت ۋە ھېسسىي بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)گە ئاساسەن. ھېرودود ياۋرو-ئاسىيا يايلىقىدىكى قارىباچان تېغىنىڭ شەرقىدىن دون دەرياسى ۋە تېخىمۇ شەرققىچە بولغان جايلارغا تارالغان كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ سېكتىيانلار دەپ ئاتىغان. لېكىن دون دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى سېكتىيانلارمۇ سائۇروماتىلار، يەنى سارماسىيانلار دەپمۇ ئاتالغان [1]. ھېرودود: «پارسلار بارلىق سېكتىيانلارنى ساكالار دەپ ئاتايتى» دەيدۇ. بۇنىڭدىن ساكالار بىلەن سېكتىيانلارنىڭ نامى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر خەلق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ھېرودودنىڭ كىتابىدا تىلغا ئېلىنغان ماسساگېتلار پېرسىيەنىڭ تارىخقا ئائىت يازما يادىكارلىقلىرىدا چېقىلمايدۇ. ھېرودود: «ماسساگېتلار ئېيتىلىشىچە جەسۇر، جەڭ قىلىشقا ماھىر قۇدرەتلىك مىللەت ئىكەن. ئۇلار مەشرىق (كۈن چىقىدىغان

---

② ھېرودود: «سائۇروماتلارنىڭ تىلى — سېكتىيان تىلى» دېگەن. بۇ ئۇلارنىڭ سېكتىيانلار بىلەن بىر قەۋم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ (ھېرودود: «تارىخ». شاڭخۇ كىتابخانىسى، 1959 - يىل 6 - ئاي تۇنجى نەشرى، 476-بەتكە قاراڭ).

تەرەپ) تا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇ جاي ئاراكسىس دەرياسى (سىر دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە ئىسسېدونلىقلارنىڭ قارىشىدا ئىكەن. بەزىلەر ئۇلارنى سىكتىيانلارنىڭ بىر مىللىتى دەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. سىنوفون «ماسساگېت-ساكالار» دەپ ئاتىدى. ماسسا — بۈيۈك (چوڭ) دېگەن مەنىدە. ماسساگېت — بۈيۈك ساكالارنىڭ چېدىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ ئىزاھلايدىغان بىر خىل قاراشمۇ بار. ماسساگېتلار تارالغان زېمىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن سىر دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقتا بولغاچقا، كىشىلەر ئۇلارنى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساكاتيئا ئيتارادرايا» لار دەپ قاراشنى دەلىللەۋاتىدۇ. بۇنىڭ داۋلىسى بار. مەيلى يازما يادىكارلىق جەھەتتىن، ياكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىيال جەھەتتىن قارىغاندا ماسساگېتلار بىلەن ساكالارنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ھېرودوتنىڭ كىتابىدىمۇ يەر نامى بىلەن ئاتالغان ئوتتۇرا ئاسىيا قەۋملىرى، مەسىلەن: باكتېرىيىلىكلەر، خۇارەزىملىكلەر، سوغدىيانلار، پارتىيىلىكلەر قاتارلىقلار بار. بۇ قەۋملەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە يېقىن شەرقتىكى كۆپ قېتىملىق تارىخىي ۋەقەلەرگە ئىشتىراك قىلغان.

قەدىمكى پارسچە يازما يادىكارلىقلاردىكى «ساكا» لار، ئېلىمىزنىڭ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى تارىخ كىتابلىرىدا «سەي» (塞) دەپ تەرجىمە قىلىنغان، چۈنكى «سەي» خېتىنىڭ قەدىمكى ئاھاڭى «سەك» (K) ئىدى. «خەن سۇلالىسى تارىخى» دا تىلغا ئېلىنغان «ساك خانى» (سەيۋاڭ) ① — سەكلەرنىڭ باشلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ساك خانى جەنۇبتا — كاپچا (كەشمىر) دە ھۆكۈمران بولدى» دېيىلگەن. «سەيجۇڭ» (种塞) — سەكلەر ئىرقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيسۇنلار ئارىسىدا سەك ئىرقى، چوڭ ياۋچىلار ئۇرۇقىدىكىلەر بار ئىدى» دېيىلگەن ②. «سەيدى» (北塞) — سەكلەرنىڭ زېمىنىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، «ئۇيسۇن دۆلىتىنىڭ زېمىنى ... ئەسلىدە سەكلەرنىڭ زېمىنى ئىدى» دېيىلگەن ③. بەزى غەرب ئالىملىرى خەنزۇچە يېزىقنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن «سەيۋاڭ» نى بىر سۆز (مىللەت نامى) دەپ قارىغان، ئەمەلىيەتتە مۇھىم نۇقتىنى چۈشەنمىگەن ④. قارىغاندا، خەنۋۇدىغا ئوتتۇرا ئاسىيا ھەققىدە مەلۇمات ئېلىپ كەلگەن جاڭچيەن پەقەت ساكالار دېگەن بۇ ئىران تىلىدىكى نامنىلا بىلگەن گرېكلەرنىڭ ساكالارنى نېمە دەپ ئاتىغانلىقىنى بىلمىگەن. جاڭچيەننىڭ بىلىمى دەسلەپتە ھۇنلاردىن، كېيىن بىۋاستە سەكلەردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ سەكلەرنىڭ تىل، مىللەت تەۋەلىكى مەسىلىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

---

③ ھېرودوت: «تارىخ»، 660 - بەت.

④ ئىزاھ ③ بىلەن ئوخشاش، 267 - بەت.

سەكلەرنىڭ تىلىنىڭ شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇپلىقى ھازىر مۇئەييەنلەشتۈرۈلـ
دى. لېكىن بۇ جەھەتتە تەتقىق قىلىنىدىغان ماتېرىيال بەك ئاز. كىلاسسىك يازغۇچىـ
لارنىڭ ئەسەرلىرىدە سەك تىلىدىكى بەزى سۆزلۈكلەر ساقلىنىپ قالغان. يېزىق بارلىققا
كەلگەندىن كېيىلا، ئۇلارنىڭ تىلىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، لېكىن،
بۇ ۋاقىت مىلادىدىن كېيىنكى سەك ئەۋلادلىرى دەۋرى بولۇپ قالغان ئىدى. راخۇلا سەكـ
لەرنىڭ(تاۋتى Zarina)،(ئوت، TaViti)زارىنابۇغا، سىۋالىيۇ(قۇياش)، تارىتىۋارۇ(قەبىلە
باشلىقى)، ماخاكاناك (ئۇلۇغ خان)، كاناگ (خان، Kanag)قاتارلىق بەزى سۆزلىرىنى
مىسال قىلىپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە سەكلەر پادىشاھ ياكى باشلىقىنى فاكپۇر
دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئېيتقان. ئوتتۇرا ئەسىردە پارسلارنىڭ جۇڭگو پادىشاھىنى
پاغپۇر دەپ ئاتىشى ئەنە شۇ سۆزدىن ئۆزگەرگەن ①. بۇ مىسالمۇ سەك تىلى ئىران
تىلىغا مەنسۇپلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بەزى بوستانلىقلىرىدىكى ئاھالىلەرنىڭ تىلى سەك تىلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان. سىترابو خۇارەزمىلىكلەرنىڭ ماساگېتلار ۋە ساكالارـ نىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن ھەمدە سوغدىيانلار بىلەن باكترىيىلىكلەر تۇرمۇش ئۆرپ - ئادىتى جەھەتتە كۆچمەن چارۋىچىلاردىن ناھايىتى ئاز پەرقلىنىـ دىغانلىقىنى ئېيتقان. ئۇ يەنە: مىدىيىلىكلەر، پارسلار، باكترىيىلىكلەر، سوغدىيانـ لار قاتارلىقلارنىڭ تىلى ئوخشاش، لېكىن بىر - بىرىدىن ئازراق پەرقلىنىدىغانلىقىـ نى چۈشەندۈرگەن. سىماچيەن يازغان «تارىخنامە، پەرغانە تەزكىرىسى» دىمۇ

① راخۇلا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» 10 - بەت. ئىلاۋە، X ئەسىردە نامەـ لۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارسچە يېزىلغان «ھۇدۇدۇلئالەم» نىڭ 8 - پاراگرافىدا، جۇڭگونىڭ «پادىشاھى پەغپۇرى چىن دېيىلىدۇ. ئېيتىلىشىچە، پالتوننىڭ ئەۋلادى ئىـ كەن.» دېيىلگەن (مىنورسكىنىڭ ئىنگلىزچە كىتابىنىڭ 84 - بېتىگە قاراڭ).

② ئىزاھات ① بىلەن ئوخشاش، 3901 - بەت.

③ ئىزاھات ② بىلەن ئوخشاش.

④ سىدون. كىنوۋ: «قارۇشتى يېزىقى ئابىدىسى» 1929 - يىلى، گاركىدا نەشرى، XX بەت. راخۇلا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (Asie 1964 - يىل، گاركىدا نەشرى، 11 - بەت، 23 - بەتلەر.

① «خەن سۇلالىسى تارىخى. غەربىي رايون تەزكىرىسى»، «خەن سۇلالىسى تارىخى»، جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى 1962 - يىل نەشرى (تۆۋەندىمۇ شۇنداق). 3884 - بەت.

«پەرغانىنىڭ غەربىدىن پارپىيگىچە بولغان جايلاردىكى ئەللەرنىڭ خەلقلىرىنىڭ
تىلى بىر - بىرىدىن پەرقلەنمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆرپ - ئادىتى ئاساسەن ئوخ-
شىمايدۇ، بىر - بىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇقۇشىدۇ» (2) دېيىلگەن. جۇڭگو بىلەن غەرب
تارىخ ماتېرىياللىرىدىكى كۆز قاراشنىڭ بىردەكلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قاي-
سى جايلىرىدىكى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىران تىلىنىڭ ئوخشاش بولمىغان دىئا-
لېكتلىرىدا سۆزلەشكەنلىكى، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئۇقۇشالىغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

ئوب دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى بىيا دەرياسى بىلەن كاتون دەرياسى
بويلىرى ھەمدە يېنسەي دەرياسى بويلىرىدا، قارا سۆك مەدەنىيىتىدىن كېيىن، ئۇنىڭ-
غا مانىم مەدەنىيىتى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII — V ئەسىر، ئالتاينىڭ غەربىي قىسمى-
دىكى مانىم يايلىقىغا تارالغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان) ۋە تاگار
مەدەنىيىتى (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VIII — II ئەسىر مىنوسىنسكى ئەتراپىدىكى تاگار
ئارىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان) ۋارىسلىق قىلغان. سوۋېت ئارخېئولوگىيە ساھەسى
ئۇلارنى «دىڭلىڭ قەبىلىلىرىدىن قېپقالغان مەدەنىيەت ئىزلىرى» (3) دەپ قارىدى.
لېكىن دىڭلىڭلارنى «ساپ ياۋروپا ئىرقىدىكى روبا ئۇرۇقىدىن» (4) دەۋالغانلىقى پەن-
گە خىلاپ. دۇنيادا ھەر قانداق ساپ ئىرقنىڭ بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس.
دىڭلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەر قاراسۆك مەدەنىيىتى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ
شىمالىدىن كەلگەنلەر بىلەن يەرلىك ئاھالىلەرنىڭ ئۆز ئارا قوشۇلغانلىقىنىڭ نە-
تىجىسى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەينى چاغدا قازاقىستانغا تارالغان قەبىلىلەر سەكلەر ئىر-
قىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى گۇرۇھى ئىدى. ئۇلار تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى. دەيدىغان
قاراشمۇ بار (5) ئالتاي رايونى — تۈرك مىللىتىنىڭ ئانا ماكانى ئىبى دەرياسى،
ئېرتىش دەرياسى ۋە يېنسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى جايلار ئالدىنقى چىن
خانلىقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى جايلارغا قارىغاندا جۇڭگو
مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە تېخىمۇ بەك ئۇچرىغانلىقى ئېنىق. بۇنداق تەسىرنىڭ كۆپىن-
چىسى تۈركىي تىلدىكى مىللەتلەر ئارقىلىق تارالغان.

---

(2) «تارىخنامە. پەرغانە تەزكىرىسى»، «تارىخنامە»، جۇڭخۇا كىتابخانىسى
(تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، 317 - بەت.
(3) ئا. ل. مېنگاتۇ: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 138 - بەت. (4) ئىزاھ (3)
بىلەن ئوخشاش، 150 - بەت.

ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا تېپىلغان ئاسارە ـ ئەتىقىلەر ۋە كىلاسسىك ئەسەرلەردىكى خاتىرىلەردىن سەكلەرنىڭ قىياپىتى ۋە ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئەھۋالىنى بىلەلەيمىز. بېخىستون ئابىدىسىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمىدىكى قاپارتما نەقىشتىكى ساك. پىسپىرىس قاپارتما نەقىشلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئاخمانىيلار خانلىقىغا ئولپان تاپشۇرۇۋاتقان ساك، توگە يېتىلەۋاتقان باكترىيىلىكلەر ۋە جەنۇبىي روسسىيەدىكى كۇرئوبا (كېچە) لار، ۋورونېژدىن تېپىلغان ئالتۇن بىلەن كۇمۇشنىڭ بىرىكمىسىدىن ياسالغان شىشىنىڭ رەسىمىدىكى سىكتىيان قاتارلىقلار قولاقلىرىنى ئېتىۋالغان ئۇچلۇق قالپاق، كەڭ، يوغان كىيىم كەيگەن. بۇ خوددى ھىرودودنىڭ: «سىكىتانلارغا تەۋە ساكالار بىر خىل ئېگىز قالپاق كىيىدۇ، قالپىقى ھەم تىك ھەم قاتتىق، چوققىسى ئۇچلۇق، ئۇلار ئىشتان كىيىدۇ، ئۆز دۆلىتىدە ياسالغان ئوقيا ۋە خەنجەردىن باشقا، ئۆزلىرى سانگارىس دەپ ئاتايدىغان جەڭ پالتىسىنى ئېسىۋالىدۇ» ① «ماسساگىتلار سىكتىيانلارغا ئوخشاش كىيىم كىيىدۇ، تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ ئوخشايدۇ؛ ئۇلاردا ئاتلىق ئەسكەر ۋە پىيادە ئەسكەر (بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ) بولۇپلا قالماي، ئوقيالىق ۋە نەيزىلىك ئەسكەرلىرىمۇ بار، جەڭ پالتىسى ئىشلىتىشكە تېخىمۇ ئادەتلەنگەن» ② دەپ تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشايدۇ. يازما يادىكارلىقلار بىلەن ئارخېئولوگىيىلىك ماددىي بۇيۇملار بىر ـ بىرىگە پۈتۈنلەي ماس بولۇپ، ئۆز ئارا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. ساك ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشىگە كەلسەك، ئۇنى خۇارەزىم ۋە ئەفراسىياپ (سەمەرقەنت) تىن تېپىلغان ئىلاھ ئانا خېتىنىڭ كىيىنىشىدىن بىلىشكە بولىدۇ ③. بۇنداق ئىلاھلار لايدا ياسالغان ھەيكەل بولۇپ، ئۇزۇن چاپان كىيىپ پەرەنجە يېپىنغان. تال، بارزۇ قەدىمىي شەھىرى ۋە ئەفراسىياپ قەدىمىي شەھىرىدىن تېپىلغان ئەرنىڭ كىچىك ھەيكىلى (مىترا ئىلاھ بولۇشى مۇمكىن) ئۇزۇن چاپان، ئۆتۈك، ئۇچلۇق قالپاق كەيگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يايلاقلاردا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلىدىغان سەكلەر (سىكتىيانلار) بىلەن جەنۇبىي قىسمىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان سەكلەر ئارىسىدا ئىرق، تىل، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە ناھايىتى زور ئورتاقلىق بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە زور پەرق ساقلانغان،

---

⑤ «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئومۇمىي تارىخى» (رۇسچە نەشرى) 1957 ـ يىل

① ھىرودود: «تارىخ»، 660 ـ بەت.

نەشرى، 1 ـ توم، 40 ـ بەت.

② ئىزاھات ① بىلەن ئوخشاش، 273 بەت.

③ مىكاتىۋ: «سوۋېت ئارخېئولوگىيىسى»، 257 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ دائىم دېگۈدەك دۈشمەنلىشىش ھالىتىدە تۇرغان ئاتچىلىق ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئىش تەقسىماتىنىڭ ئايرىلىشى تېخىمۇ كېڭەيدى ۋە مۇقىملاشتى، كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر بىلەن دېھقانچىلىق رايونلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تېنچ سودا ۋە تالان - تاراج قىلىش ئۇرۇشى بۇ ئىككى خىل ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئىككى مۇھىم شەرت. شۇنداقلا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سىنىپ ۋە دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى تۈرتكە بولۇپ قالدى. خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «بارلىق شەرق قەبىلىلىرىدە. تارىختىن بۇيان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان بىر قىسىم قەبىلىلەر بىلەن داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان يەنە بىر قىسىم قەبىلىلەر ئارىسىدا ئورتاق مۇناسىۋەت بارلىقنى ئىسپاتلاشقا بولىدۇ» ①.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن كېيىن، يايلاقلاردىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتىغا ئىگە قىلدى، ئۇلار تەدرىجى تۈردە ئۇرۇق - قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ قولىغا مەركەزلەشتى، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى سودىمۇ راۋاجلاندى. بۇنداق سودا دەسلەپتە ھەر قايسى ئۇرۇق-قەبىلىلەرنىڭ باشلىقلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. مال - چارۋىلار خۇسۇسىيلارنىڭ مۈلكى بولغاندىن كېيىن، شەخسلەر ئارىسىدىكى ئالماشتۇرۇشمۇ ئاساسلىق شەكىلگە ئايلاندى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «مال - چارۋىلارنىڭ قانداقسىگە، قايسى ۋاقىتتا قەبىلە ياكى ئۇرۇقنىڭ ئومۇمىي ئىگىدارچىلىقىدىن ھەر قايسى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مۈلكىگە ئايلانغانلىقىنى تېخى بىلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ، ئاساسەن، بىر ئۆتكۈنچى دەۋردە، چوقۇم شۇ بىر باسقۇچتا يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. مال - چارۋا ۋە باشقا يېڭى مال - مۈلۈكلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، ئائىلىلەردە ئىنقىلاب پەيدا قىلدى. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېپىش ھامان ئەرنىڭ ئىشى. تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېپىش قوراللىنى ئەرلەر ياسىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ مۈلكى بولغان. مال - چارۋا — تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنى تېپىشتىكى يېڭى قورال، دەسلەپتە ئۇلارنى كۆندۈرۈش ۋە كېيىن ئۇلارنى بېقىپ باشقۇرۇش ئەرلەرنىڭ ئىشى.»، «ئىلگىرى ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈرگەن ئوخشاش بىر سەۋەب — ئاياللارنىڭ ئائىلە

---

① «ماركس - ئېنگېلس خەت - چەكلىرى توپلىمى» (رۇسچە) 1953 - يىل نەشرى، 73 - بەت.

② ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 4 - توم، 157 — 158 - بەتلەر.

ئىشلىرى بىلەنلا شۇغۇللانغانلىقى — ھازىر ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى كاپالەتلەندۈردى.». «ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ئەمەلىي ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىگە ئەگىشىپ، ئەرلەر مۇستەبىتلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرقىي توسالغۇسى يىمىرىلدى. بۇنداق مۇستەبىتلىك ئانا ھوقۇقى تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى، ئاتا ھوقۇقىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئىككى تۈزۈمنىڭ بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمگە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگىرىشى بىلەن مۇقىملاشتى ھەمدە ئەبەدىيلەشتى.» ② .يۇقىرىدىكى بۇ بىر ئابزاس تەھلىل ئارقىلىق بەزى ئاپتورلارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، سارماتالارنىڭ نامى، بۇ قەبىلە ئىچىدە ئاياللار مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقى بىلەن ئاتالغان ئىكەن (ماتا — ئايال؛ سارۋې ـ سارۋا ـ بارلىقىنىڭ بارلىقى مەنىسىدە. بۇ ئىككى سۆز سارۋا ماتا ياكى سارماتا دېگەن نامنى ھاسىل قىلغان). ئاياللار ئۆلۈپ كەتكەن باشلىقنىڭ ئورنىنى ئىگەللەپلا قالماي، قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ جەڭگە قاتناشقان ① ھېرودود ماسساگېتلار ئۈستىدە توختالغاندا، «ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تەختكە ۋارىسى بولغان ئايال خان ئىكەنلىكى ئېيتىلغان ②. ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلىرىدىمۇ جۇمۇۋاڭ غەرب سەپىرىدە غەربىي رايون ھۆكۈمرانى ئوماي ئانا (شىمۇۋاڭ) بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ئېيتىلغان. «تارىشا پۈتۈن يىلنامە»، «موتيەنزى تەزكىرىسى»، «تارىخنامە» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ بۇ ھەقتە خاتىرە قالدۇرۇلغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

كۆچمەن چارۋىچىلار ئىچىدە سىنىپنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ، ئاساسەن ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن كۆچمەن چارۋىچىلار كۆچۈپ تۇرغانلىقى، ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلاشقان كەنتى بولمىغانلىقى، پەقەت قىسقا مۇددەت تۇرغان ماكانى بولغانلىقى ئۈچۈن مەدەنىيەت قاتلىمىنى شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەبرىلىرى (قورغان دەپ ئاتىلىدۇ) نىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەك قىلىشقا بولىدۇ. بەزى قەبرىلەرنىڭ كۆلىمى چوڭ، قورۇلمىسى مۇرەككەپ، دەپنە بۇيۇملىرى ئىنتايىن مول، بەزىلىرى بولسا كىچىك، دەپنە بۇيۇملىرى ئاز. قەبرىلەردە ئادەتتە ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىدىن باشقا، تۈرلۈك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، قورال، ئات سۆڭىكى ۋە ئاتنىڭ ئىگەر-جابدۇقلىرى قاتارلىقلار بار. گورنو ئالتايىسكى رايونىدىلا 100 نەچچە كۆچمەن چارۋىچىنىڭ قەبرىسى تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىل دەۋرى ئەڭ

① راخولا: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى»، 8 ـ بەت.

② ھېرودود: «تارىخ»، 268 ـ بەت.

بۇرۇن قەبرە مانىم دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII ـ V ئەسىر) گە مەنسۇپ.
ئەينى چاغدىكى كىشىلەر تېخى تۆمۈر قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلمىگەن. قەبرىلەردىن
تېپىلغان پىچاق، پالتا، بەكە، ئوقيا، باشاق، ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقى قاتارلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى مىستىن ياسالغان بۇيۇملاردۇر. مانىمدىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملار
قاراسۇكتىكى قەبرىلەردىن تېپىلغان بۇيۇملار بەكمۇ ئوخشىشىدۇ. كەمبەغەللەرنىڭ
قەبرىسى بىلەن بايلارنىڭكىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.
ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى دەريا بويلىرىدىكى بوستانلىقلارنىڭ
دېھقانچىلىق رايونلىرىدىن، سىنىپىي جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەتقىق قىلىشقا
ياردەم بېرىدىغان خېلى كۆپ ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار تېپىلدى. مەسىلەن،
ئامۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى خۇارەزىم، ئامۇ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن
ئېقىمىدىكى باكترىيە، زەرەپشان دەرياسى ۋە كاشكا دەرياسى بويىدىكى سوغدى-
يانا (بۈگۈنكى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مورغاب دەرياسى
بويىدىكى مەرغىيانا (مونۇرۇ)، ھىلرود دەرياسى (قەدىمكى ئارىيە دەرياسى، تۆۋەن-
كى ئېقىمى كېچىن دەرياسى دەپ ئاتالغان) بويلىرىدىكى ئارىيە (بۈگۈنكى ھىرات)
قاتارلىق رايونلارنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ مەزگىلدە سىنىپىي جەمئىيەت بارلىققا كەلگەن.
خۇارەزىم رايونىنى ئالساق، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1000-يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا،
شۇ يەرنىڭ سۇيارگان مەدەنىيىتى دەسلەپكى تۆمۈر قورال مەدەنىيىتى — ئامراباد
مەدەنىيىتىگە تەرەققىي قىلغان. خۇارەزىمدىكى كۆزىل، قىر قەدىمىي شەھىرى، موف،
سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى VII — V ئەسىر-
گە تەئەللۇق تۆمۈر ئوغاق قاتارلىق بۇيۇملار تېپىلدى. تۆمۈر قوراللار دەسلەپكى
قەدەمدە ئىشلىتىلگەنلىكتىن، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئۆستى. «تۆمۈر
تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلىش، كەڭ ئورمانزارلىقتا بوز ئېچىشنى ئېھتىمال-
لىققا ئايلاندۇردى؛ ئۇ قول سانائەتچىلەرنى قاتتىقلىق ۋە ئۆتكۈرلۈكتە تاش ۋە ئەينى
چاغدا بىلگەن باشقا مېتاللار ئورنىنى باسالمايدىغان قورال بىلەن تەمىن ئەتتى».①
شۇنداق قىلىپ 2-قېتىملىق چوڭ ئىش تەقسىماتىغا ئېلىپ كەلدى. دېھقانچىلىقتىكى
كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش — دەريانىڭ تاشقىن سۇلىرىنى ئېرىق-ئۆستەڭ-
لەرگە باشلايدىغان سۇ قۇرۇلۇشى قىلىنغانلىقى بولدى. ھىرودو خۇارەزىمدىكى زور

① ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».
«ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى» 4-توم، 159-بەت.

كۆلەملىك سۇقۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ قۇرۇلۇش پېرسىيە خانى ئۇيەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن قىلىنغانلىقىنى كۆرسەتكەن③. ھامبلى ئۆزى تەھرىرلىگەن «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» دا سوۋېتلىكلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى سۆكۈپ: «سوۋېت ئىتتىپاقلىق ئاپتورلار خۇارەزىمدىكى غايەت زور سۇقۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاخمانىيلار خاندانلىقىنىڭ تۆھپىسىنى كىچىكلىتىشكە. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ يىل دەۋرىنى قانداقتۇ مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 1000-يىلنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە سۆرۈشكە مايىل، بۇ ئەجەپلىنەرلىك»④ دېگەن. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، بىز ئاخمانىيلار خاندانلىقىدىن ئاۋۋال، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، بىر قىسىم سۇ قۇرۇلۇشلىرى، ھېچبولمىغاندا، دەسلەپكى سۇ قۇرۇلۇشى قىلىنغانلىقىنى، مەسىلەن، «ئاۋېستا» دا ئېتىزلارنى سۇغۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلىشنى مۇقەددەس ئىش دەپ قارىغانلىقىنى تېخى ئىنكار قىلالمايمىز. چۈنكى بۇ جايلاردا «سۇغۇرۇش بولمىسا، دېھقانچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ»⑤.

سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش، بولۇپمۇ خېلى كەڭ رايون خاراكتېرلىق سۇ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھۆددىسىدىن ئايرىم ئائىلىلەر ياكى ئايرىم ئۇرۇقلار چىقالمايدۇ. مىلادىيدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردە خۇارەزىمنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى ئامراباد مەدەنىيىتى تارالغان دائىرىدىكى ئىلغار رايوندىنمۇ سۇغۇرۇش ئېرىق-ئۆستەڭلىرى جەھەتتە گەۋدىلىك بولغان. تەتقىقاتچىلار دۆلەت ھاكىمىيىتى بولمىسا، بۇ سۇغۇرۇش ئېرىق-ئۆستەڭلىرىنى قېزىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ قارايدۇ. ئۇلار بۇ ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى قۇللار قازغان، دەپ قارايدۇ.

كۆچمەن چارۋىچىلار بوستانلىق رايونلارغا دائىم ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇشىمۇ، دېھقانچىلىق رايونىدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن سەۋەبلەرنىڭ بىرى. مەيلى خۇارەزىم ياكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا جايلىرىدىن بولمىسۇن، مۇداپىئە

---

③ ئابكىيېۋ: «شەرقنىڭ قەدىمكى تارىخى»، 586-بەت.

④ ھامبلى: «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى». 1969-يىل، نيۇيۇرك نەشرى، 23-بەت.

⑤ ئېنگېلس: «دىيورىڭغا قارشى»، «ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 3-توم، 219-بەت.

قىلىدىغان قەلئە-سېپىللىك قەدىمكى كەنت ياكى شەھەر-بازار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆزىل قىر قەدىمي شەھىرى ئەمەلىيەتتە قورشاۋتىمى سېپىلىنغان كەنتتۇر. ئۇنى مال-چارۋا ۋە كەنت ئاھالىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش، كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بېسىپ كىرىشىدىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىتىدە سالغان. باكتىرىيە ۋە سوغدىيانىدىمۇ بۇنداق كەنت-بازارلار بار.

بۇ دەۋردىكى سۇغۇرۇش دېھقانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى سىنىپىي جەمئىيەت — قۇللۇق جەمئىيەت بارلىققا كەلدى. بوستانلىقلارنى مەركەز قىلغان يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى شەكىللەندى.